# بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت كەسپى 50 مىڭ كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**، پراكتىكانت **شياۋ لياڭيۈەن**نىڭ 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتى يىغىنىدىن ئۇقۇشىچە، 2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق، ساياھەت كەسپىنىڭ 50 مىڭ كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

جەمئىيەت مۇقىملىقى پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى ۋە يېڭى ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپى «يەتتە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق 54 مىڭ 100 كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغان، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %135ى ئورۇندالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ما جيەنيۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئېھتىياج يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن رايون ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساياھەت تەرەققىيات بوشلۇقى يېڭى ۋەزىيىتى بەرپا قىلىشنى چۆرىدەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ باغلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، ساياھەت كەسپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساياھەتچىلىكتە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، شەھەر - يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ «غىزالىنىش، قونالغۇ، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ساياھەت مۇھىم ئامىللىرى ساھەسىگە توپلىنىپ، «ساياھەت تاماقى» يېيىشى، «ساياھەت پۇلى» تېپىشىغا تۈرتكە بولغان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز «يەتتە بىر تۈركۈم» تەدبىرى ئارقىلىق، ساياھەتچىلىكتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورۇنلىرىنى كۆپ يوللار بىلەن ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شەھەر - بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس كىشىلەر ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئېغىر نامرات ناھىيەلىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىش، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلار ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدە ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئۇزاق مۇددەت مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ساياھەتچىلىك بويىچە كەسپىي تەربىيەلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ساياھەت كەسپى بويىچە ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش پىلانى، ساياھەت ئىختىساسلىقلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت پىلانى قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئېشىش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ساياھەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا تايىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز 2018 - يىلى چىقارغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت كەسپى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت يىرىك پىلانى (2018 - يىلىدىن 2020 - يىلىغىچە)»غا ئاساسەن، 2018 - يىلى 10 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، 2019 - يىلى 40 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان، 2020 - يىلى 50 مىڭ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# يى شاۋلىن: ھاياتى بەدىلىگە ساقچى روھىنى ئىزاھلاش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەننىڭ، 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر خۇاڭ چىڭگاڭ)** ئالداپ سېتىۋېتىلگەن قىزچاقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇ جەڭگە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئارىلىقى يىراق كۆرمەي ئۆلكە، رايون ئاتلاپ قۇتقۇزدى؛ ئەقلىنى يوقاتقان قارا نىيەت ئالدىدا، ئۇ خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھاياتى بەدىلىگە ساقچىلار روھىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزاھلىدى؛ 21 يىل ئۆتۈپ كەتتى، «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، قىزچاقنى تېز بىخەتەر جايغا يۆتكەڭلار» دېگەن ئاشۇ سۆز ھازىرمۇ شۇ جايدا تارقىلىپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە، ئۇ دەل ئىنقىلابىي قۇربان يى شاۋلىن ئىدى.



يى شاۋلىننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

يى شاۋلىن، 1953 - يىلى گۇاڭشىنىڭ تيەندېڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1972 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە كىرگەن، 1982 - يىلى 12 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى تيەندېڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شياڭياڭ ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى، زەھەر چەكلەش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، ئىلگىرى بىر قېتىم شەرەپ بىلەن شەخسىي 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ناھىيەلىك پارتكوم، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىككى قېتىم مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن، يۇقىرى دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ بەش قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

1991 - يىلى، تيەندېڭ ناھىيەسىدىكى جىنايەت گۇماندارى چېن x باسقۇنچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئىزچىل قېچىپ يۈرگەن. يى شاۋلىن جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىگە بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، قوغلاپ تۇتۇشتىن باشتىن - ئاخىر ۋاز كەچمىگەن. 1998 - يىلى 8 - ئايدا، چېن xنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغان جايىنى بىلگەندىن كېيىن، يى شاۋلىن قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 40 كىلومېتىر تاغ يولىنى پىيادە بېسىپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان چېن xنى تۇتۇپ كەلگەن.

1996 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، يى شاۋلىن چېگرا سىرتىدىكى ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ گۇاڭشىنىڭ پىڭشياڭغا ئوغرىلىقچە كىرىپ خىروئىن سودىسى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغان، ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە دەرھال كېچىلەپ پىڭشياڭغا بېرىپ، ۋوگزالدا ئۇدا ئىككى كېچە - كۈندۈز ساقلىغان. چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسى پەيدا بولغاندا، يى شاۋلىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىرىنچى بولۇپ ئېتىلىپ بېرىپ، خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتقان، 165 گىرام خىروئىننى قولغا چۈشۈرگەن. زەھەر چەكلەش ئەترىتىدىكى مەزگىلدە، يى شاۋلىن زەھەر دېلوسىدىن 18نى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىشنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان، ئون زەھەر ئەتكەسچىسىنى تۇتقان، 800 گىرامدىن ئارتۇق خىروئىننى قولغا چۈشۈرگەن.

1998 - يىلى، تيەندېڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى شۇ جايدىكى 16 ياشلىق قىزچاق ياڭ xنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شىنيى شەھىرىنىڭ چەت، تاغلىق كەنتىگە ئالداپ سېتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان، يى شاۋلىن شىنيى شەھىرىنىڭ سىخې بازىرىغا بېرىپ قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلغان. 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەھەردە، قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى بىلەن شۇ جايدىكى ساقچىخانىنىڭ ئۈچ خەلق ساقچىسى جىنايەت گۇماندارى خې xنىڭ ئۆيىگە پىيادە بارغان، يى شاۋلىن ئالدىغا ئۆتۈپ نەسىھەت قىلغان، لېكىن خې xنىڭ پوزىتسىيەسى قوپال بولۇپ، نەسىھەتكە پەرۋا قىلمىغان. ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەشنىڭ ئۈنۈمى بولمىغاچقا، زورلۇق بىلەن قۇتقۇزۇشقا مەجبۇر بولغان. يى شاۋلىن خې xنى بويسۇندۇرغان، نەق مەيداندىكى قالايمىقانچىلىقتا، خې x تىركىشىپ بوشىنىۋېلىپ، بىر تۆمۈر كالتەكنى ئېلىپ يى شاۋلىن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىغا قاراپ ئېتىلىپ كەلگەن. ئەڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بارغان يى شاۋلىننىڭ بېشىغا بەختكە قارشى تۆمۈر كالتەك تېگىپ، قان ئىچىگە يىقىلغان. يى شاۋلىن: «مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، قىزچاقنى تېز بىخەتەر جايغا يۆتكەڭلار» دېگەن. يارىسى ئېغىر بولغاچقا، يى شاۋلىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقان يولدا بەختكە قارشى قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 45 ياشتا ئىدى.

يى شاۋلىن خەۋپ - خەتەر ئالدىدا قىلچە چېكىنمەي، ئىسسىق قېنى ئارقىلىق شانلىق ساقچىلار روھىنى ئىزاھلىدى، پارتىيەگە سادىق بولۇش، ۋەتەنگە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇش، قانۇنغا سادىق بولۇشتەك جاراڭلىق قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان مەزگىلدە، ئۇ ئالداپ سېتىۋېتىشكە زەربە بېرىش بويىچە 30 نەچچە دېلونى پاش قىلىشقا قوماندانلىق قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، ئالداپ سېتىۋېتىلگەن 42 ئايالنى قۇتقۇزغان. 1998 - يىلى، يى شاۋلىنغا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى؛ 1999 - يىلى، ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

«يى شاۋلىن نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەيتتى، قەيەردە قىيىنچىلىق، خەۋپ - خەتەر بولسا، شۇ يەرگە ئېتىلىپ باراتتى، دېلو بىجىرگەندىكى ئاشۇ ئەستايىدىللىقىغا كۆپچىلىك بەك قايىل ئىدى.» پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم خەلق ساقچىسى خۇاڭ شىمىڭ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: مەيلى زەھەر چەكلەش بولسۇن ياكى ئالداپ سېتىۋېتىشكە زەربە بېرىش بولسۇن، يى شاۋلىن ھەممىسىدە خىزمەتداشلارغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

يى شاۋلىن قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئىككى قىزى دادىسىنىڭ كۈچ ئۇلاش تاياقچىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئىرادە باغلاپ، ساقچى بولۇش يولىغا ماڭدى. «ئىلگىرى دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتە ھەمىشە ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. بىر خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مەن ئاخىر چۈشەندىم، جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىنى تاللىغان ئىكەنمىز، بۇ، مەسئۇلىيەت ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشتىن دېرەك بېرىدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى زىممىگە ئېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ، دادام مەڭگۈ بىزنىڭ ئۈلگىمىز» دېدى يى شاۋلىننىڭ قىزى يى شيايۈن.

# فۇ مىنچاۋ: يالغان پۇلغا زەربە بەرگەن باتۇر

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، فۇجوۋ، 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار خۇ گۇاڭخې، يەن خۇڭشىن)** «ساقچى يولداش، مەن بىرەيلەننىڭ يالغان پۇل ئېلىپ سېتىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىمەن، ئورنى ‹ئاجىزەي› رېستورانىنىڭ 304 - ئايرىمخانىسىدا، سوممىسى 80 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ!»

ئەھۋال جىددىي ئىدى، پاش قىلىشنى قوبۇل قىلغان فۇ مىنچاۋ دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، ئالتە نەپەر سەپدىشىنى باشلاپ پۇقراچە كىيىنىپ نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

ھېچكىممۇ بۇنىڭ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق چارلاشقا چىقىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، فۇ مىنچاۋ قوشۇنغا قايتا قايتىپ كېلەلمىدى.

فۇ مىنچاۋ 1963 - يىلى تۇغۇلغان، 1986 - يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1980 - يىلى ئارمىيەگە قاتنىشىپ قىسىمغا كىرگەن، 1995 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا كىرگەن. چارلاشقا چىققاندا، ئۇ چۈەنجوۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى فېڭزې شۆبە ئىدارىسى دۇڭخۇ جىنايى ئىشلار ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، 2 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچىلىق ساقچى ئۇنۋانىدا ئىدى.

شۇ كۈنى سائەت 15لەردە، سېتىۋالغۇچى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان ئىككى خەلق ساقچىسى «ئاجىزەي» رېستورانىنىڭ 304 - ئايرىمخانىسىدا جىنايەت گۇماندارى خۇاڭ موۋخۇا قاتارلىق ئۈچ ئادەم بىلەن ئۇچراشتى.

بىر مەھەل باھا تالىشىشتىن كېيىن، خۇاڭ موۋخۇا قېلىن بىر دۆۋە يالغان پۇلنى چىقىرىپ پۈتۈشۈشكە تەييارلاندى.

بېلىق قارماققا ئېلىندى، خەلق ساقچىسى بىنانىڭ ئاستىدا ساقلاۋاتقان فۇ مىنچاۋغا ھەرىكەت قىلىش سىگنالىنى بەردى، فۇ مىنچاۋ بىر سەپدىشى بىلەن دەرھال ئۈستىگە چىقتى، قالغان ئىككىيلەن جايىدا ساقلاپ ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرمەكچى بولدى.

ئۇلار پۇرسەتنى پەملەپ ئۆيگە بۆسۈپ كىردى، بىر خەلق ساقچىسى پەيتنى ئىگىلەپ خۇاڭ موۋخۇانى تۇتۇۋېلىپ، قولىنى قايرىپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى، باشقا ئۈچ ئادەم بىرلىشىپ باشقا ئىككى گۇماندارغا كويزا سالدى، ئادەم، زاك مالنى تەڭ قولغا چۈشۈردى.

بۇ چاغدا، يەرگە بېسىلغان خۇاڭ موۋخۇا يەنىلا بويسۇنماي، تەلۋىلەرچە تىركەشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز پىچاق چىقىرىپ، كۆز ئالدىدىكى خەلق ساقچىسىنىڭ كۆكرىكى، دۈمبىسى ۋە بېلىكىگە ئارقا - ئارقىدىن تۆت پىچاق تىقىۋەتتى، يارا ئېغىزىدىن شۇ زامان قان ئېتىلىپ چىقتى.

ئارقىدىن، خۇاڭ موۋخۇا يۇمۇلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كونتروللۇقنى يوقاتقان يىرتقۇچ ھايۋاندەك پىچاقنى شىلتىپ خەلق ساقچىسىغا ئېتىلدى.

«ئېھتىيات قىل!» فۇ مىنچاۋ يۇقىرى ئاۋازدا سەپدىشىنى ئەسكەرتتى، بىر تەرەپتىن ئېگىلىپ قاتىلغا ئېتىلىپ، ئۇنى قايتا بويسۇندۇرماقچى بولدى.

بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، پىچاق فۇ مىنچاۋنىڭ دۈمبىسىگە چوڭقۇر سانجىلدى. سەپدىشىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قوغداش ئۈچۈن، فۇ مىنچاۋ قاتتىق ئاغرىققا چىداپ، خۇاڭ موۋخۇانىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

قېچىش يولى تاپالماي قالغان قارا نىيەت تەلۋىلەرچە ئۇنىڭ مۈرىسى ۋە پېشانىسىگە ئارقا - ئارقىدىن يەنە ئىككى پىچاق تىقىۋەتتى.

فۇ مىنچاۋنىڭ كۈچلۈك ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشى بىلەن، باشقا بىرنەچچە خەلق ساقچىسى بىرلىشىپ خۇاڭ موۋخۇانىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋېلىپ، قارا نىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىدى. بۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە ئۈچ جىنايەت گۇماندارى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتۇلۇپ، نەق مەيداندا 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق يالغان پۇل قولغا چۈشۈرۈلدى. پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغان فۇ مىنچاۋ قان ئىچىگە يىقىلدى.

قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى يول بويى ئۇچقاندەك مېڭىپ فۇ مىنچاۋنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزدى. دۈمبە قىسمىغا سانجىلغان پىچاق يۈرىكىنى زەخىملەندۈرگەچكە، دوختۇر - سېستىرالار فۇ مىنچاۋنىڭ ياش ھاياتىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى، ئۇ قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئۇ 35 ياشتا ئىدى.

ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەقەت خەلقنىڭ پايدا - مەنپەئىتىنى قوغدىدى، سەپداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى، خەتەرلىك پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۆز بەدىنى بىلەن قارا نىيەتنىڭ ئۆتكۈر پىچىقىنى توستى. ئۇنىڭ ھاياتى ئاقار يۇلتۇزدەك قىسقا، ئەمما كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چاقناتتى.

1999 - يىلى فۇ مىنچاۋغا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، ئىنقىلابىي قۇربان، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

فۇ مىنچاۋ — كىشىلەر بۇ ئىسىمنى مەڭگۈ يادىدا ساقلايدۇ.

# ۋۇ لياڭجۇ: ھاياتى بەدىلىگە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش «چوڭ توسمىسى»نى ياسىغان پولاتتەك جەڭچى

**□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جيا چىلۇڭ**

ئەنچىڭ شەھىرى لېنخۇ باغچىسىدىكى كۆل بويىدا، «كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى پولاتتەك جەڭچى» ۋۇ لياڭجۇنىڭ يېرىم بەدەن مىس ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ نەزەرى يىراق بولمىغان ۋەنجياڭ دەرياسىغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرىدۇ.

ۋۇ لياڭجۇ، ھايات ۋاقتىدا ئەنخۈي ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ئەنچىڭ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ شوپۇرى ئىدى. 1998 - يىلى ئۇ قىسىمغا ئەگىشىپ پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈنگە تاقابىل تۇردى. كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا ئاتلانغاندىن تارتىپ ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىچە بولغان 50 نەچچە كۈندە، ۋۇ لياڭجۇ ھاياتىدىكى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، پارتىيە يۈكلىگەن شەرەپلىك بۇرچنى نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بىر ھەربىينىڭ مۇقەددەس بۇرچىغا قاتتىق ئەمەل قىلدى، ئۇ باشتىن - ئاخىر ھاياتلا بولسا توختىماي كۆرەش قىلىشتەك پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن كەلكۈن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ھاياتى ئارقىلىق ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ قۇربان بېرىشكە، ئۆزىنى بېغىشلاشقا جۈرئەت قىلىش مارشىنى پۈتتۈپ چىقتى.

1998 - يىلى يازدا، چاڭجياڭ دەرياسى ئېقىن رايونى 100 يىلدا كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىدى، ۋەنجياڭ دەرياسىنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ۋەزىيىتى كەسكىنلەشتى. 6 - ئايدا، ۋۇ لياڭجۇ جىددىي كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە قاتناشتى، ئاپتوموبىل ھەيدىدى، توسما ياسىدى، سۇ سىڭىپ كېتىشنى توسۇدى، قۇم خالتىسى يۈدۈدى... زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ چوڭ توسمىدا ھوشىدىن كەتتى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قورسىقى توختىماي قاتتىق ئاغرىغان ۋۇ لياڭجۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىشقا جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇرخانىدا ۋۇ لياڭجۇنىڭ قورسىقىنى ئوپېراتسىيە قىلغاندا، ئۇنىڭ جىگەر راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا بېرىپ قالغانلىقى بايقالدى، راك ھۈجەيرىلىرى تارقىلىپ كەتكەنىدى.

كېيىن ھەر دەرىجىلىك پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزغان بولسىمۇ، كېسەل بىلەن 70 كۈن كۆرەش قىلغان ۋۇ لياڭجۇ ئاخىرىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى، ئۇ شۇ يىلى 26 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ كېسەل تۇرۇپمۇ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقانلىق ئىش ئىزلىرى ناھايىتى تېزلا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇب - شىمالىغا تارقالدى. كەڭ ئارمىيە، خەلق ۋۇ لياڭجۇنى ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىپ بەس - بەستە مەدھىيەلەپ، كەڭ كۆلەمدە قەھرىماندىن ئۆگىنىش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغىدى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەنخۈي ئۆلكىلىك كومىتېتى ئۇنىڭغا «ئەنخۈي ئۆلكىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ياش» دەپ نام بەردى، ئەسلىدىكى نەنجىڭ ھەربىي رايونى پارتكومى ۋۇ لياڭجۇدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا «كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتىكى پولاتتەك جەڭچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى.

خۇددى تارىختىكى نۇرغۇن قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەرگە ئوخشاش، ۋۇ لياڭجۇنىڭ ھاياتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما نامى ئۆچمەس تارىخقا ئايلاندى: ئۇ كېسەل تېنى بىلەن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىككى ئايغا يېقىن جەڭ قىلدى؛ يۇرتى ئېغىر سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان، ئاتا - ئانىسى ياشىنىپ قالغان، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادىمى يوق ئەھۋالدا، ئۇ تۆت قېتىم ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆيىگە كىرمەي، يەنىلا كېچە - كۈندۈز كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش چوڭ توسمىسىنى چىڭ ساقلىدى. چوڭ توسمىدا كۆپ قېتىم ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ باشتىن - ئاخىر پولاتتەك ئىرادە ۋە قەتئىيلىك بىلەن كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭ ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان روھى بىر ھەربىينىڭ پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلققە بولغان تولۇپ - تاشقان ساداقىتىنى نامايان قىلدى.

«ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئائىلىسىنى ئۇنتۇيدۇ؛ مۇھىم پەيتتە تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇيدۇ؛ دۈمباق چېلىنغاندا ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ. ۋۇ لياڭجۇ دۆلەت مەنپەئىتى ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئائىلىسىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئەنە شۇنداق قەھرىمان» دېدى ئەنچىڭ شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ جېڭۋېيى گاۋ فېڭ.

زېمىن سۈكۈتكە چۆمدى، ۋەنجياڭ دەرياسى ئۈن تارتتى. 26 يېشىدا ھاياتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇ لياڭجۇنىڭ روھى ئەزەلدىن يوقىمىدى. قەھرىمان مەڭگۈلۈك كەتكەندىن كېيىن، ئەنچىڭدىكى ئارمىيە ۋە خەلق ئاڭلىق ھالدا تىرىشىپ «ۋۇ لياڭجۇ روھى»نىڭ ۋارىسلىرىدىن بولدى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىم، مەكتەپلەر بەس - بەستە ۋۇ لياڭجۇنىڭ رەسىمىنى ئاستى؛ ئىنقىلابىي قۇربانلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىش ئۈچۈن، ۋاڭجياڭ ناھىيەلىك پارتكوم، ناھىيەلىك ھۆكۈمەت شۇ جايدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ نامىنى «ۋۇ لياڭجۇ باشلانغۇچ مەكتىپى»گە ئۆزگەرتتى؛ ھەر قېتىملىق مۇھىم، چوڭ بايراملاردا، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ۋە كەڭ ئامما ئەنچىڭ لېنخۇ باغچىسىدىكى ۋۇ لياڭجۇنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا بېرىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، ئۆگىنىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى)**